

# بۇغا بلان بورى

# بوغا بلان بوری



مللەتلەر نەشرياتى

بېيجىن — 1957

www.uyghurkitap.com

## كىرىش سۆز

بىر ژىرتقۇچ بورى بار ئىكەن، ئۇ دەرەخ توپىسىدىكى تىينلارنى يېمەكچى بولغاندا، ئۆزى كولاپ ژىقىتقان دەرەخ ئۈنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېپتۇ، ژىرتقۇچ بورى ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىش ئۈچۈن بۇغىغا ئىلتىماس قىپتۇ، تىيىن بۇغىغا ژىرتقۇچ بورىنىڭ يالغان سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، تۇغرى نىيەتلىك بۇغا يەنە ژىرتقۇچ بورىنى قۇتقۇزۇۋېپتۇ. ژىرتقۇچ بورى قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن، دەرھال غالجىرلىشىپ بۇغىنى يېيىشكە تۇرۇنۇپتۇ، بۇنى بىلگەن مېھرىۋان تىيىن ئېيىققا خەۋەر قىپتۇ. ئېيىق كېلىپ، ئۇستىلىق بىلەن ژىرتقۇچ بورىنى يەنە ھېلىقى دەرەخنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ كىتاپ سوۋېت ئىتتىپاقى قورچاق كىنوفىلىملىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن.



ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گوزەل بىر ئورمانزارلىقتا نۇرغۇن ھايۋا-ناتلار ياشايدىكەن، ئۇلار خۇشال-خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش كوچۇرۇدىكەن. لېكىن، قانداقتۇر بىر كۇنى بۇيەردە ئۇشتۇمتۇت بىر ژىرتقۇچ بورى پەيدا بولۇپ قەپتۇ.



ئۆردەكلەر كول بويىدا ناھايىتى كوڭۈللۈك ئوينىۋاتقان ئىكەن، بورى مۇغەمبەرلىك قىلىپ بۇ-يەرگە كېپتۇ، بۇنى كورگەن تۇرنا دەرھال: «ئۆر-دەكلەر! چاپسان قېچىڭلار!»-دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى



ئۆردەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بورى ناھايىتى غەزەپلىنىپ، جىنىنىڭ بىرىچە تۇرنىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. مېھرىۋان تۇرنا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بورى ئاسمانغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپ قەپتۇ.



بوری ناهایتی ئاچچغلنپ، چشلرنی هەجای-
تپ، ئورمانلقا قاراپ ژۇگرۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بورى ئورمانلىقتا ئۇياق ـ بۇياققا ژۆگۈرۈپ ژۆرۈپ، كىچىك ھايۋاناتلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ، ئاخىرى بىر يەرگە كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، دەرەخ ئۈستىدە بىر ئۇگا تۇرغىدەك، ئۇگىدا ئۈچ تېيىن بالىسى ياتقىدەك.



تيىن باللىرى ئېگىشىپ قارىسا پەستە بورى
تۇرغىدەك، ئۇلار بۇنى كورۇپ قورقۇشۇپ چىرىل-
داشقا باشلاپتۇ، ئاگغىچە ئانىسىمۇ يېتىپ كېلىپ، بالى-
رىنى ئىگىز بىر شاققا يوتكۆەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى



بۆرى تىيىن بالىلىرىنى يېمەكچى بولسىمۇ، ئەمما دەرەخكە چىقالماپتۇ. ئۇ، ئۇيان ئويلۇنۇپ، بۇيان ئويلۇنۇپ ئاخىرى دەرەخنىڭ تۈۋىنى كولاپ يىقىتماقچى بوپتۇ.



دەرەخ ئاستا ـ ئاستا لىڭشىشقا باشلاپتۇ، بورى تېخمۇ كۇچەپ كولاپتۇ. بۇنى سەزگەن تيينلار بىر ـ بردن، باشقا دەرەخقە يوتكۇلۇۋەپتۇ، بورى بۇنى تۇيماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دەرەخ يىقىلىشقا باشلاپتۇ، بورى كۆڭلىدە، ئەمـ
دى تەملىك گۆش يەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.



دەل شۇچاغدا دەرەخ قاراسلاپ بورىنىڭ ئۇس-
تىگە ئورۇلۇپ چۈشۈپ، ئۇنى بېسىۋەپتۇ. ئۇ، قاچاي
دىسە قاچالماي ئاخىرى ئۇنىنىڭ بىرىچە: «مېنى
قۇتۇلدۇرۇڭلار! قۇتۇلدۇرۇڭلار!» — دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەل شۇ ۋاختتا دەريا بويىدا سۇ ئىچىۋاتقان بۇغا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك يېتىپ كېپتۇ. بۇغىنى كورگەن بورى: «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!»-دەپ يالۋۇرۇپتۇ.



بۇغا، بۇ قانداق گەپ، دەپ ھاڭتاڭ بولۇپ
تۇرسا، تىيىن دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ: «قۇتقازما ئۇ-
ژىر تفۇچنى! قۇتقازساڭ، ۋاپاغا جاپاقىلدۇ!» - دەپ
ۋاقىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۇغا ئۇنى قۇتقازماقچى بولغان بولسىمۇ، تىيىننىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، نىمەقىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قەپتۇ.



لېكىن يىرتقۇچ بورى يىغلاپ بوغۇغا، مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭ، دەپ يالۋۇرۇۋېرىپتۇ ۋە:«سەن ماڭا ياخشىلىق قىلساڭ، مەن سېنى ھەرگىز يىمەيمەن!»-دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇغا ئاخىرى بورىنىڭ سوزىگە ئىرىپ كىتىپ، تىيىنلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، مۈڭگۈزى بىلەن دەرەخنى كوتۇرۇشكە كىرىشىپتۇ.



دەرەخ مۇنداق يوغان، مۇنداق ئېغىر تۇرسا، بۇغا قانداق قىلىپ قوزغىيالىسۇن؟ ئەمما ئۇ بار كۈچى بىلەن كۈچەپ، ئاخىرى ژىرتقۇچ بورىنى قۇتقۇزۇپ ئەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ژىرتقۇچ بورى: «مېنى بېسىپ ئولتۇرگىلى تاس قالدى!» — دەپلا بىر سىلكىنىپ، بېشىنى ئوينۇتۇپ، قويرۇقىنى شىپاڭشىتىپ بۇغىنىڭ ئالدىغا كېپتۇ. بۇغا ئويىدا بۇ ژىرتقۇچ ماڭا كېلىپ رەخمەت ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.



بىر دەمدىلا بورىنىڭ يۈزىدىكى ياشلار غايىپ بوپتۇ، ئۇ تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، بۇغىغا: «مەن سېنى يېمىسەم بولمايدۇ.» ــ دەپتۇ. بۇغا بۇنى ئاڭلاپ چوچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



بۇغا ئاچچىغلىنىپ:«سەن نىمە ئۈچۈن سوزۈگ-
لە تۇرمايسەن؟» ـ دەپتۇ. بورى ئۇنىڭغا : «كاپشىما،
مەن سەندىن كۈچلۈك . مەن سىنى يەۋالسام
ھىچكىم ئىستەك ـ سوراق قىلمايدۇ.»ـ دەپتۇ.



بوٗغا: «ژوٗر! بىز بىرسىنى تېپىپ سوراپ با-
قايلى، سىنىڭ مېنى يېيىشىڭ توغرىموٗ، ياكى توغرى
ئەمەسموٗ؟»- دەپتوٗ. بورى: «بارساق - باردوٗق، قېچىپ
قوٗتوٗلالمايسەن.»- دەپ كورەگلەپتوٗ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



شۇ چاغدا، دەرەخ توپسىدىكى تىيىن بۇغىنىڭ خەتەرلىكتە قالغانلىغىنى كورۇپ، دەرھال ئۇنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاپتۇ. لېكىن قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇشنى بىلمەي قەپتۇ.



تىيىن دەرھال ئېيىقنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ژۈگۈرۈپ بېرىپ ئېيىققا خەۋەر قىپتۇ ۋە ئېيىققا: «يامان بولدى! ئېيىق تاغا، بۆرى بۇغىنى يەۋېتىدىغان بولدى!»— دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ بۇغا بىلەن بورى نۇرغۇن يەرلەرنى كېزىپ، ھېچنەرسە ئۇچرىتالماپتۇ. چۈنكى، كىچىك ھايۋاناتلار بورىنى كۆرۈش بىلەنلا موكۇۋالىدىكەن.



ئاخىرى بۇلار بىردوگىدىن ئۆتۈشكە، بەختكە يارىشا، بىر توشقان چىقىپ قەپتۇ، بىراق توشقان بۆغىنىڭ يېنىدىكى بورىنى كورۇش بىلەنلا قورقۇپ، بۇرۇلۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇلاردوڭدىن ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، بىر نەچچە سۇغۇرلار ئوينىشىۋاتقىدەك، بۇغا بۇلارنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ، ژىراغراق تۇرۇپ: «ھەي، سۇغۇرلار، چاققان كېلىپ بىزنىڭ چاتقىمىزنى ئايرىپ قويۇڭلار!»— دەپ ۋاقىراپتۇ.



سۇغۇرلار بورىنى كورۇپ قەپتۇ ـ دە، جېنىنى
ئېلىپ قېچىشقا ئالدىراپ، بۇغىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنىمۇ
قارىماي، ژۇگۇرۇشۇپ تۇشۇكلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بورى تاقەت قىلالماي، ھۇلاپ توپ-توغرى بۇغىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. بۇغا بورىنىڭ قىپ-قىزىل ئاغ-زىنى كورۇپ، قورققىنىدىن «گۈپ» قىلىپ يەرگە زوڭ-زىيىپ ئولتۇرۇپ قەپتۇ-دە، بەدەنلىرى تىترەپ كېتىپتۇ.



دەل شۇ خەتەرلىك پەيتتە، تيين ئۆيىقنى باشـ
لاپ يىتىپ كېتتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بۇغا ئېيىقنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئېيىقنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ ۋە بۆرىدىن شىكايەت قىلىپ، ئېيىقتىن: «بۆرىنىڭ مېنى يېيىشى توغرىمۇ ياكى توغرى ئەمەسمۇ؟»- دەپ سوراپتۇ.



ھېلىگەر بورى قورقىنىدىن ئېيىقنىڭ ئالدىدا ياۋۇزلۇقىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ، يالغاندىن سوز توقۇشقا باشلاپتۇ: «بۇغامنى قۇتقازمىدى، دەرەخ تېگىدىن ئۇزەم ئۇمۇلەپ چىقتىم.»-دەپتۇ.


www.uyghurkitap.com

ئۇششنڭ قانداقلغننى ئاڭلقاچان سەزگەن ئېيق،
هېچنمه بلمگەندەك: «هەركم ئۇز سوزنى راس
قلغسى كېلدۇ، قايسڭلارنڭ سوزى توغرى، قايسڭـ
لارنڭ توغرى ئەمەس، بز باشقدن دەرەخنڭ
يېنغا بېرپ سوزلشەيلى.» ـ دەپتۇ.



ئېيىق دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ھېچنېمە بىلمىگەن كىشىدەك، بۇغىغا : «شۇنداق يوغان دەرەخنى سەن قانداق قۇزغىيالىدىڭ؟ ئەڭ ياخشىسى سىلەر باياتىن بولغان ئىشنى ماڭا تەكرارلاپ كورسۇتۇپ بېرىڭلەر-چۇ؟» - دەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ بىلەن بۇغىنىڭ تېخىمۇ غەزىۋى كېلىپ، ئۇزىنى توختىتالماي مۈڭگۈزىنى دەرەخنىڭ ئاستىغا تىقىپ بىر كۈچىگەن ئىكەن دەرەخنى دەس كۆتۈرۈپتۇ ۋە يەنە ئېيىقا: «قارالڭ، مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈم توغرىمىكەن؟»-دەپتۇ.



بورى بۇغىنى يەيدىغان بولدۇم، دەپ دەرھال
دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، قۇيرىغىنىلا دەرەخنىڭ
ئاستىغا توغرىلاپ تۇرۇپتۇ ۋە دەرەخ چۈشكەندە
قويرۇغىنى غىپلا قىلىپ تارتىۋېلىپ، ئەمەلدە ئۆزى
قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بورىنىڭ ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئېيىق دەرھال بۇغىغا قولىنى ئىشارەت قىپتۇ. بۇغا شۇ زامان «شارت» قىلىپ مۈڭگۈزىنى چىقىرىۋالغانىكەن، دەرەخ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بورىنىڭ بېلىنى بېسىۋەپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، دەرەخقە بېسىلىپ قالغان بورى جېنىنىڭ بېرىچە ھۇۋلاپتۇ. ئۇ، ئېيىققا ھەم بۇغىغا مېنى بىر قۇتقۇزۇۋالساڭلار، دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئېيىق: «سەن-دەك ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ھارامزادىنى كىم قۇتقۇزۇپ ئالسۇن!» - دەپتۇ.


www.uyghurkitap.com

خېلى ۋاخت ئۆتكەندىن كېيىن بورى ئاخىرى دەرەخ ئاستىدا بېسىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئېيىق بۇغىغا: «مۇنـ ـدىن كېيىن، يامان ئادەملەرنىڭ سوزىگە ئاسانلا ئالـ ـدىنىپ كەتمە.» ــ دەپتۇ.

بۇ كىتاپ چاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن
1955 - يىلى ئاپرىلدا نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى
بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花出版社1955年4月第1版第1次印刷版本譯出


كىتاپ نومېرى: 217 (4) 1065

## بۇغا بىلەن بۆرى

جۇڭگو كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.
رەسسام: گۇمې ۋە باشقىلار
تەرجىمە قىلغۇچىلار: م. كەنجىيېۋ، ئابلەھەت
تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: تۇختى باقى
كوررېكتورى: م. كەنجىيېۋ
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ رۇخسەت
قەغەزى نومېرى: «ن - 047»
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
جىڭخۇا مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1957 - يىلى ئىيۇندا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1957 - يىلى ئىيۇندا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
تىراژى: 800 10-1 - باھاسى: 10 پۇڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

書號: 1065(4)217

鹿 和 猴

(維吾尔文)

中国电影发行公司改編

谷 梅等繪

哈米提·阿布拉海提合譯

托乎提巴克校訂

哈米提校对

民族出版社出版

地址: 北京國子監街54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠排版

京华胶印廠印刷

新华書店发行

---

1957年6月北京第一版

1957年6月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/48 印張$\frac{5}{6}$

印數: 1—10,800冊 定價:一角

統一書號: MR8049·維58